

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب



# ئۆسۈملۈك قىسمى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

娃娃问妈妈答.植物篇/阿布都热依木·买买提等编译—喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.5(2010.3重印)
ISBN 978—7—5373—1274—5

Ⅰ.娃… Ⅱ.阿… Ⅲ.①科学知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言)②植物学—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第101188号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

娃娃问妈妈答·植物篇

斯拉木·亚森 译

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 2.25印张
2004年5月第1版 2010年3月第3次印刷
印数:6161—10160 总定价:28.00元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927








## 1. گۈللەر نېمە ئۈچۈن ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ؟

شىياۋمىڭ ئانىسى بىلەن گۈل سەيلىسى قىلىۋېتىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىدىن: «گۈللەر نېمە ئۈچۈن ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «گۈل ھۈجەيرىسىدە سىيانىد ۋە كاروتىنوئىدلار بولىدۇ. كاروتىنوئىدلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەربىر تۈردىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمايدۇ. سىيانىدنىڭ رەڭگى قۇياش، تېمپېراتۇرا ۋە كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ھەر خىل گۈللەرنىڭ تەركىبىدىكى سىيانىد ۋە كاروتىنوئىدلارنىڭ تۈرى، مىقدارى ۋە تۇرغان شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، گۈللەرنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.




## 2. گۈل نېمە ئۈچۈن يوپۇرمىقى بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ؟

شياۋشۆ بىر تەشتەك گۈل ئۆستۈرگەنىدى. ئۇ گۈلنىڭ پوپۇرمىقىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا، ئانىسى: «ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ» دېدى. شياۋشۆ: «نېمىشقا» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يوپۇرماق ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلۇق تەييارلاش زاۋۇتى، ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى سۈمۈرگەن سۇ ۋە ئانئورگانىك ماددىلار يوپۇرماققا ئەۋەتىلىپ يوپۇرماق ئىچىدىكى خىلوروفىل ئارقىلىق قۇياش نۇرىدا فوتوسىنتېز ئېلىپ بېرىپ، ئوكسىگېن ۋە ئورگانىك ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋەتكەندە، گۈل ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق ئۈزۈلۈپ قېلىپ، گۈل قۇرۇپ قالىدۇ» دېدى.



## 3 . ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈل تەخسىسى نېمە ئۈچۈن قۇياشقا قاراپ تۇرىدۇ؟

لىڭلىڭلار ئائىلىسىنىڭ كۆكتاتلىقىغا بىرئاز ئاپتاپپەرەس تېرىغانىدى. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈل تەخسىسى نېمە ئۈچۈن ھەمىشە قۇياشقا قاراپ تۇرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈل تەخسىسى ئارقىسىدىكى بېغىشىدا ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگۈچى گورمون بار، ئۇ گۈل تەخسە ئارقىسىدىكى ھۈجەيرىلەرنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈپ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا، ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈل تەخسىسى دائىم قۇياشقا قاراپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 4. نېمە ئۈچۈن چوڭ نىلۇپەر يوپۇرمىقى ئادەم ئولتۇرسا چۆكۈپ كەتمەيدۇ؟

شياۋخۇي ئانىسى بىلەن كۆل بويىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر كىچىك بالىنىڭ نىلۇپەر يوپۇرمىقىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىدىن: «نىلۇپەر يوپۇرمىقىدا ئادەم ئولتۇرسا نېمە ئۈچۈن چۆكۈپ كەتمەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چوڭ نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ يۈزى كەڭ بولغاچقا، سۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان لەيلىتىش كۈچىمۇ زور، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ تومۇرلىرى توم ھەم پۇختا بولۇپ، يوپۇرماق گىرۋەكلىرى يۇقىرىغا تۈرۈلۈپ يۇملاق داسقا ئوخشاش پۇختا شەكىل ھاسىل قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش كۈچى نىسبەتەن زور بولىدۇ. ئادەتتە 60 — 70 كىلوگىرام ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 5 . ياتما نىلۇپەر نېمە ئۈچۈن كەچتە «ئۇخلايدۇ» ؟

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى، لىلى ئانىسى بىلەن كۆلچەك يېنىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ياتما نىلۇپەر گۈل بەرگىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يۇمۇلۇۋالغانلىقىنى كۆردى - دە، ئانىسىدىن: «ياتما نىلۇپەر گۈللىرى نېمە ئۈچۈن ئاخشىمى يۇمۇلۇۋالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش تەدبىرى. ياتما نىلۇپەر كەچتە گۈل بەرگىلىرىنى يۇمۇۋالغاندا، يۇمران گۈللەر كېچىدە توڭلاپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 6. نېمە ئۈچۈن كۆممىقوناقنىڭ ساقىلى بولىدۇ؟

جىڭجىڭ ئېتىزلىقتىكى كۆممىقوناقلارنىڭ بېشىدا بىر تۇتامدىن ساقال تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، قىزىقچىلىق قىلىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن كۆممىقوناققا ساقال چىقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇ تېخىمۇ ياخشى چاڭلىنىش ئۈچۈن، كۆممىقوناقنىڭ ئانىلىق ۋە ئاتىلىقى بىر تۇپتىلا بولۇپ، تۇپلەر ئارا شامالنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن چاڭلىنىدىغان ئۆسۈملۈكتۇر. ئۇنىڭ ئاتىلىق گۈلى غولىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ، ئانىلىق گۈلى غولىنىڭ ئوتتۇرا - ئۈستى قىسمىدا بولۇپ، شەكلى ئۇچلۇق ھەم ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا بىر تۇتام ئىنچىكە ھەم يۇمشاق ساقال بولىدۇ، بۇنداق بولۇشى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئاتىلىق گۈل چاڭلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق» دەپ جاۋاب بەردى.









## 7 . نىلۇپەر يىلتىزىدا نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بولىدۇ؟

چىچى ئانىسىنىڭ ئاشخانا ئۆيدە نىلۇپەر يىلتىزى توغراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىققان ھالدا ئانىسىدىن: «نىلۇپەر يىلتىزىدا نېمىشقا نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «نىلۇپەر يىلتىزى سۇ ئاستىدىكى چۆكمە لاتقىلاردا ئۆسىدۇ، ئۇمۇ ھاۋادىن نەپەسلىنىشكە موھتاج، لاتقىلاردا ھاۋا ئۆتۈشمىگەچكە، نىلۇپەر يىلتىزى ئۆز تېنىدە نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكچە شەكىللەندۈرۈپ، يوپۇرماق بېغىشى ۋە يوپۇرماقنى ھاۋا تۆشۈكچىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ، شۇڭا، نىلۇپەر يىلتىزى يوپۇرماق يۈزى ئارقىلىق يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىپ نورمال ئۆسەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com




## 8. سۇ ياڭىقى نېمە ئۈچۈن مۇڭگۈزلۈك بولىدۇ؟

خۇەنخۇەن ئانىسى بىلەن بىرگە سۇ ياڭىقى يەۋېتىپ: «ئانا، سۇ ياڭىقى نېمىشقا مۇڭگۈزلۈك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سۇ ياڭىقى مۇڭگۈزلۈك بولسا ھايۋانلارنىڭ يېۋېلىشىدىن ساقلىنالايدۇ. يەنە ئۆز مايسىلىرىنى لەڭگەردەك مەزمۇت تۇرغۇزۇپ، ئۇيان - بۇيان ئېقىپ كېتىشتىن ساقلىيالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.




## 9. جۇخارگۈل نېمە ئۈچۈن سوغاققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟

قىش پەسلىنىڭ باشلىرىدا جۇخارگۈل يەنىلا ئېچىلىۋاتاتتى. شياۋ-خۇڭ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن جۇخارگۈل سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەي-دۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «جۇخارگۈل تەركىبىدە قەنت مىقدارى كۆپ بولىدۇ، تەركىبىدە قەنت مىقدارى كۆپ بولغانسېرى ئاسانلىقچە مۇزلىمايدۇ، شۇڭا سوغۇقتىن قورقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 10. ھۆرىگۈل نېمە ئۈچۈن كېچىدە ئېچىلىدۇ؟

بىر كۈنى كەچتە، تىيەنتىيەنلەرنىڭ ئائىلىسى ئۆستۈرگەن ھۆرىگۈل ئېچىلدى، تىيەنتىيەن ئۇنى كۆرۈۋېتىپ ئانىسىدىن: «ھۆرىگۈل نېمە ئۈچۈن كېچىدە ئېچىلىشنى ياقتۇرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇنى ئۇنىڭ ئادىتى بەلگىلىگەن. ھۆرىگۈل ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقا، مېكسىكا قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىنىڭ قۇملۇقلىرىدا ئۆسەتتى. شۇ جاينىڭ كىلىماتىغا ماسلىشىپ، گۈل - چېچەكلىرىنى قىزىق قۇياشنىڭ قاقلاپ قۇرۇتۇپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئادەتتە كېچىدە ئېچىلاتتى. ھۆرىگۈلنى باشقا رايونلارغا يۆتكەپ كۆچۈرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان» دەپ جاۋاب بەردى.










## 11. تىلوسماگۈلى نېمە ئۈچۈن كېچىدە مەززىلىك پۇراق چىقىرىدۇ؟

تاۋۇز چاغىنى ئاخشىمى شياۋخۇي ئانىسى بىلەن بىللە گۈللۈكتە ئاي سەيلىسى قىلىۋاتقاندا تىلوسماگۈلىنىڭ قويۇق پۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئانىسىدىن: «تىلوسماگۈلى نېمىشقا كەچ بولغاندا ئاندىن مەززىلىك پۇراق چاچىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تىلوسماگۈلى ئاخشىمى ئۈچىدىغان پەرۋانىلەرگە تايىنىپ چاڭ تارقىتىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ كەچتە مەززىلىك پۇراق تارقىتىشى كەچتە ھەرىكەت قىلىدىغان پەرۋانە تۇرىدىكىلەرنى جەلب قىلىپ، گۈل چاڭلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈندۇر، يەنە كېچە ھاۋاسىنىڭ نەملىكى كۈندۈزنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، گۈل بەرگى ئۈستىدىكى ھاۋا تۆشۈكچىلىرى كۈندۈزدىكىدىن بەكرەك ئېچىلىپ، قويۇپ بېرىدىغان پۇراقلىق مايلار كۆپ بولىدۇ، شۇڭا كەچتىكى مەززىلىك پۇراقلار ئالاھىدە قويۇق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.




www.uyghurkitap.com



## 12. سىكاس دەرىخى راستىنلا 1000 يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەمدۇ؟

شياۋگاڭ ئانىسى بىلەن بىللە ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا ئوينىغىلى باردى. ئۇ بىر تۈپ سىكاس دەرىخىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «ئاڭلىشىمچە، سىكاس دەرىخى1000 يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىمىش، راستمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سىكاس دەرىخى ئىسسىق بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغ ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەسلىي تەبىئىيتىدىن ئېيتقاندا ئىسسىقنى ياقتۇرىدۇ، سوغۇقتىن قورقىدۇ، ئىللىق ھەم نەمخۇش بولغان جەنۇبىي رايوندا ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ، شىمالنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ھەم قۇرغاق بولغاچقا، ئادەتتە ناھايىتى تەستە چېچەكلەيدۇ، چېچەكلىگەندىمۇ بەلگىلىك قانۇنىيىتى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 13. ياۋا قىزىلگۈل، قىزىلگۈل ۋە ئەتىرگۈل قانداق پەرقلەندۈرۈلىدۇ؟

شىياۋيىڭ ئانىسى بىلەن گۈللۈكتە ئەمگەك قىلغانىدى، ئۇ گۈل سۇغىرىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «ياۋا قىزىلگۈل، قىزىلگۈل ۋە ئەتىرگۈل قانداق پەرقلىنىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «ياۋا قىزىلگۈلنىڭ شاخلىرى پېلەكسىمان كېلىدۇ، يوپۇرمىقى تاق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، شاخلىرىدا ئۇششاق ھەم شالاڭ تىكەنلەر بولىدۇ، گۈلى كىچىك بولىدۇ؛ قىزىلگۈلنىڭ شاخلىرى تۈز، تىكەنلىرى تومراق ھەم ئەگرى كېلىدۇ، گۈلى چوڭراق بولىدۇ؛ ئەتىرگۈلنىڭ تىكەنلىرى كۆپ ھەم زىچراق بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ يۈزىدە قورۇق بولىدۇ، گۈلىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇرا ھالراق كېلىدۇ» دېدى.



## 14. قۇياش ھارارىتى نېمە ئۈچۈن گۈل - گىياھلارنى قۇرۇتۇپ قويمايدۇ؟

ياز، ھويلىدا باراقسان ئۆسكەن گۈل - گىياھلارنى تاماشا قىلىۋاتقان لىلى ئانىسىدىن: «قۇياشنىڭ تەپتى نېمە ئۈچۈن گۈل - گىياھلارنى قۇرۇتۇپ قويمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «گۈللەرنىڭ يىلتىزى تۇپراقتىكى سۇنى سۈمۈرۈپ، يوپۇرماق سۇپىتىنى ئۆزمەي تولۇقلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر تۇپراق بەك قۇرۇپ كېتىپ ئۆز ۋاقتىدا سۇغۇرۇلمايدىغان بولسا، گۈل - گىياھلارمۇ قۇرۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.







## 15. ئوت - چۆپلەر نېمە ئۈچۈن تېرىمىسىمۇ ئۆزى ئۈنۈپ چىقىدۇ؟

خۇڭخۇڭ ئانىسى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ دالا تاماقى يېدى، ئۇ ھەممە يەردە ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «بۇ ئوت - چۆپلەرنى بىر كىم تېرىمىسىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئۆسۈپ چىقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئوت - چۆپلەر تەبىئەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تېرىلىدۇ، بەزى ئوتلارنىڭ ئۇرۇقى ناھايىتى يېنىك بولۇپ، شامالغا تايىنىپ چېچىلىدۇ، بەزى ئوتلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇش ياكى باشقا ئۇششاق ھايۋانلار يەپ، ئاخىرىدا ھەر يەرلەرگە چىقىرىدۇ؛ بەزىدە يامغۇر سۈيىمۇ ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى باشقا جايغا ئېقىتىپ بېرىپ تېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەمما، زور كۆلەمدىكى كۆكەرتىش يەنىلا ئادەملەرنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا تېرىشىغا موھتاج» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com




## 16. نېمە ئۈچۈن كۆدە ئورۇۋەتسە يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ؟

لىلى ئانىسى بىلەن كۆكتاتلىقتا كۆدە ئورۇۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن كۆدىنى ئورۇۋەتسە يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئانىسى: «كۆدە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ياش تېنىدە نۇرغۇن ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ. بۇ ماددىلار يېڭى يوپۇرماقنىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىنى قامدىيالايدۇ، يېڭى يوپۇرماقنىڭ ئۆسۈشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ. شۇڭا، كۆدىنى ئورۇۋەتسە يەنە ئۆسەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 17. كاكتۇسنىڭ نېمە ئۈچۈن تىكىنى بولىدۇ؟


خۇاخۇانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر تەشتەك كاكتۇس ئالغاچ كەلدى. خۇاخۇا كاكتۇسنىڭ تېنىدىكى نۇرغۇن تىكەنلەرنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «كاكتۇسنىڭ نېمە ئۈچۈن تىكىنى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كاكتۇس ئەسلىدە قۇملۇقتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولغاچقا، قۇرغاق مۇھىتقا ماسلىشىپ، تېنىدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى چېكىنىپ تىكەنگە ئايلانغان» دەپ جاۋاب بەردى.





## 18 . چىۋىنخور ئوت راستىنلا چىۋىن تۇتالامدۇ؟

خۇڭخۇڭ ئانىسى بىلەن ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا بارغانىدى. ئۇ بىر پارچە يەردىكى چىۋىنخور ئوتلارنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «چىۋىنخور ئوت راستىنلا چىۋىن تۇتالامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چىۋىنخور ئوت-نىڭ گۆش يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋىكىدە قاتتىق تۇكچىلەر بولۇپ، شەكلى يېرىم ئېچىلغان ئالىقانغا ئوخشايدۇ. چىۋىن يوپۇرماق ئۈستىگە قونۇپ تۇكچىلەرگە تەگكەن ھامان گۆش يوپۇرمىقى تېزلىكتە يۇمۇلۇپ چىۋىننى ئورۇۋالىدۇ ھەمدە ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، چىۋىننى پارچىلاپ ئۆزىگە قوبۇل قىلىۋالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 19 . ئەنجۈر راستىنلا چېچەكلىمەي مېۋىلەمدۇ؟

تاۋتاۋ ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا ئەنجۈرنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «ئەنجۈر راستىنلا چېچەكلىمەي مېۋىلەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ياق، ئەنجۈرنىڭ گۈل تەخسىسى يۇقىرىغا قارىغانلىقتىن گۈل ئوقىنى لامپا شەكىللىك خالتا ئوراپ تۇرىدۇ، بىر خىل كىچىك ھەرىنىڭ كىرىپ ـ چىقىپ گۈل چېڭى تارقىتىشى ئارقىلىق مېۋىلەيدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## 20 . قۇرتئوت قۇرتمۇ ياكى ئوتمۇ؟

جيەنجيەن قولىغا بىر تال قۇرتئوتنى ئېلىپ ئانىسىدىن: «قۇرتئوت زادى قۇرتمۇ ياكى ئوتمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «قۇرتئوت بىر خىل زەمبۇرۇغ ۋە ھاشارات لىچىنكىسىنىڭ بىرىكمە گەۋدىسى، قىشتا زەمبۇرۇغ لاي توپىنىڭ ئىچىدىكى لىچىنكىنىڭ تېنىگە كىرىۋېلىپ، لىچىنكا تېنىدىكى ئوزۇقلۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە زىچ زەمبۇرۇغ يىپ تەنچىسى ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئۆلۈك لىچىنكا قېپىنىڭ ئىچىگە يىغىدۇ. ياز كەلگەندە، زەمبۇرۇغ يىپ تەنچىسى لىچىنكا قېپىنىڭ باش قىسمىدىن ئوتقا ئوخشاش بىر تال ئىنچىكە تاياقچە بولۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ، مانا بۇ قۇرتئوتنىڭ ئۆزىدۇر» دېدى.



## 21 . نېمە ئۈچۈن نومۇسچان ئوتنىڭ يوپۇرمىقى بىرنەرسە تېگىپ كەتسىلا يۇمۇلۇۋالىدۇ؟

نيۇنيۇ ئەمدىلا قولى تېگىپ كەتكەن نومۇسچان ئوتنى كۆرسىتىپ هەيران بولغان هالدا ئانىسىدىن: «نومۇسچان ئوتنىڭ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن بىرنەرسە سەل ـ پەل تېگىپ كەتسىلا يۇمۇلۇۋالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «نومۇسچان ئوت يوپۇرماق بېغىشىنىڭ ئاستىدا سۇلۇق يوپۇرماق تەكىيچىسى بولۇپ، نومۇسچان ئوتقا بىرەر نەرسە تېگىپ كەتكەندە يوپۇرماق سىلكىنىش بىلەن يوپۇرماق تەكىيچىسى ئاستىدىكى هۈجەيرىلەرنىڭ ئىچىدىكى سۇ دەرهال يۇقىرىغا ۋە ئىككى تەرەپكە ئېقىپ كېتىپ، يوپۇرماق تەكىيچىسىنىڭ ئاستى قىسمى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۈستۈنكى قىسمى ئۆرلەپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق بېغىشى ساڭگىلاپ، يوپۇرماق يۇمۇلۇۋالىدۇ. بۇ بىرخىل ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش هېسابلىنىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 22. نېمە ئۈچۈن تۆشۈك يوپۇرماقلىق بامبۇكنىڭ يوپۇرمىقىدا تۆشۈكچە بولىدۇ؟

شياۋشياۋ تۆشۈك يوپۇرماقلىق بامبۇكنى ئوغۇتلاۋېتىپ، ئەجەبلەنگەن هالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن تۆشۈك يوپۇرماقلىق بامبۇكنىڭ يوپۇرمىقىدا تۆشۈكچىلەر بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تۆشۈك يوپۇرماقلىق بامبۇك ئەسلىدە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مېكسىكا ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرىدىن چىقىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ هەم تۆشۈكلۈك بولىدۇ؛ بۇنداق بولۇشىنىڭ رولى: بىرىنچىدىن، كۈن نۇرى ئۈستۈنكى يوپۇرماقلاردىن ئۆتۈپ تۆۋەنكى يوپۇرماققا چۈشەلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بوران - يامغۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان زەربىسىنى يېنىكلىتەلەيدۇ» دېدى.



## 23 . كىشمىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇقى بولمايدۇ؟

دۇدۇ كىشمىش يەۋېتىپ، ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «كىشمىشنىڭ ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كىشمىش شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈمدىن قۇرۇتۇلغاچقا، ئىچىدە ئۇرۇقى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.




www.uyghurkitap.com



## 24 . پالما يەلپۈگۈچنى نېمىدىن ياسايدۇ؟

ياز، لياڭلياڭ ئۆزىنى يەلپۈۋېتىپ ئانىسىدىن «پالما يەلپۈگۈچنى نېمىدىن ياسايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «پالما يەلپۈگۈچ يەلپۈگۈچ پالمىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ياسىلىدۇ، يەلپۈگۈچ پالمىسىنىڭ يوپۇرمىقى بەك يوغان بولىدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىيامېتىرى 2 مېتىردىن ئاشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 25. كۆرۈنگەن مىلادگۈلىنى نېمە ئۈچۈن گۈل ئەمەس دەيمىز؟

روژدېستۋا بايرىمى كۈنى شياۋلىڭ قىپقىزىل مىلادگۈلىنى كۆرۈپ چۈشەنمىگەن ھالدا ئانىسىدىن: «كۆرۈنگەن مىلادگۈلىنى نېمە ئۈچۈن گۈل ئەمەس دېيىشىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بىزگە كۆرۈنگەن قىپقىزىل گۈل ئەمەلىيەتتە مىلادگۈلىنىڭ چوققىسىدىكى گۈل قاچىسى ئاستىدىكى قىزىل يوپۇرماقتىن ئىبارەت. ھەقىقىي مىلادگۈلى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇ قىزىل يوپۇرماققا تايىنىپ ھاشاراتلارنى جەلب قىلىش ئارقىلىق گۈل چېڭى تارقىتىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 26. لامىنارىيە (خەيدەي) چىچەكلىمەيدىغان تۇرۇپ قانداق كۆپىيىدۇ؟

ياڭياڭ دېڭىزدىن سۇزۇۋالغان بىر تال لامىنارىيەنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىدىن: «لامىنارىيە چىچەكلىمەيدىغان تۇرسا، ئۇ قانداق قىلىپ كۆپىيىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «لامىنارىيەنىڭ يوپۇرمىقىدا خالتىغا ئوخشايدىغان سپورا قاپچۇقى بولىدۇ، ئۇ پىشىپ يېتىلگەندە ئۆزلۈكىدىن يېرىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سپورىلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، دېڭىز ئاستىدىكى قورام تاشلارنىڭ ئۈستىدە بىخلىنىپ لامىنارىيە بولۇپ يېتىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



**27 . نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل بولىدۇ؟**


شىڭشىڭ ئانىسى بىلەن ئورمانلىقتا سەيلە قىلىۋېتىپ: «دەرەخ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن يېشىل بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخ يوپۇرمىقىدا كۆپ مىقداردا خىلوروفىل بولىدۇ، شۇڭا دەرەخ يوپۇرمىقى يېشىل رەڭدە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.






## 28. بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ؟

كۈز ، شياۋچياڭ ئانىسى بىلەن شياڭشەن باغچىسىغا بېرىپ سەيلە قىلدى. ئۇ پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغان قىزىل يوپۇرماقلارنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «كۈزدە نېمە ئۈچۈن بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزىل تۈسكە كىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخ يوپۇرمىقىدا كۆپ مىقداردا خىلوروفىل بولغاندىن سىرت، يەنە كاروتىنسىمان ماددا ۋە سىيانىد قاتارلىقلار بولىدۇ، كۈز پەسلىگە كەلگەندە، بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى قىزىرىدۇ، بۇ يوپۇرماق تۆكۈلۈشتىن يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئۇنىڭدا كۆپ مىقداردا قىزىل سىيانىد ھاسىل بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دېدى.




## 29 . نېمە ئۈچۈن بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى كۈزدە تۆكۈلۈپ كېتىدۇ؟

شياۋنيۇ دەرەخ تۈۋىدە توپ ئويناۋېتىپ، يەرگە نۇرغۇن يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «كۈزدە نېمە ئۈچۈن يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كۈزدە ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ، دەرەخلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى تەدرىجىي توختىغانلىقتىن، ئوزۇقلۇق ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىنىش ئازىيىپ كېتىدۇ ـ دە، دەرەخلەر ئۆسۈشتىن توختايدۇ، بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى سۇ ناھايىتى ئاسانلا پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» دېدى.



## 30. نېمە ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلار ئەڭ ئاخىرىدا تۆكۈلىدۇ؟

شياۋخۇ هويلىسىدا ئانىسى بىلەن غازاڭ سۈپۈرۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلار ئەڭ ئاخىرىدا تۆكۈلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخ توختىماستىن ئۆسۈپ تۇرىدۇ، دەرەخنىڭ شاخ ئۈچىنى تەمىنلەيدىغان ئوزۇقلۇق ۋە سۇ مىقدارى باشقا قىسىملىرىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ، دەرەخنىڭ كۈزدىكى فوتوسىنتېز رولى تەدرىجىي ئاجىزلاپ توختىغاندا، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۈچىدا يەنىلا مەلۇم مىقداردا ئوزۇقلۇق ۋە سۇ بولىدۇ، شۇڭا شاخ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلار ئەڭ ئاخىرىدا تۆكۈلىدۇ» دېدى.










## 31. دەرەخنىڭ غولى ۋە شاخلىرى نېمە ئۈچۈن يۇمىلاق بولىدۇ؟

چىچى ئانىسى بىلەن دەرەخ تۈۋىدە سالقىنلاۋېتىپ، تۇساتتىن: «دەرەخنىڭ غولى ۋە شاخلىرى نېمە ئۈچۈن يۇمىلاق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يۇمىلاق شەكىلدىكى دەرەخ غولى ۋە دەرەخ شېخىنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى ئەڭ زور، ئېگىلىپ كېتىشكە بولغان قارشىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، دەرەخنىڭ يوپۇرماق ۋە مېۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ، بوران - چاپقۇننىڭ زىيان - زەخمىتىگە تېخىمۇ ئوبدان تاقابىل تۇرالايدۇ» دېدى.



## 32 . نېمە ئۈچۈن دەرەخ غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى ئاپئاق بوياپ قويىدۇ؟

بىر كۈنى شياۋمىڭ ئانىسى بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. ئۇ يول بويىدىكى دەرەخ غوللىرىنىڭ ئاپئاق بوياپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن دەرەخ غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى ئاپئاق بوياپ قويىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخلەرنىڭ غولىغا سۈرتۈلگىنى هاك، هاكنىڭ چىرىتىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇنى سۈۋاپ قويغاندا، ئۇششاق هاشاراتلارنىڭ دەرەخكە يامىشىپ چىقىشى، دەرەخنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە زىيان سېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دېدى.




## 33 . دەرەخنىڭ يېشىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

بىر كۈنى لېلى ئانىسى بىلەن باغچىغا بارغاندا، بەزى دەرەخلەرنىڭ شۇنچە يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىدىن: «دەرەخلەرنىڭ يېشىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كېسىلگەن دەرەخنىڭ توغرا كەسمە يۈزىدە قەۋەت - قەۋەت ھالقىلار بولىدۇ، دەرەخ ھەر يىلى بىر ھالقا ھاسىل قىلىدۇ، بۇ‹ يىل ھالقىسى› دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنداق يىل ھالقىسىدىن قانچىسى بولسا دەرەخنىڭ شۇنچە ياشقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



### 34 . نېمە ئۈچۈن دەرەخ بىرنەرسە يېمىسىمۇ شۇنچە ئېگىز ئۆسىدۇ؟

شىڭشىڭ ئانىسى بىلەن بىرگە كۆچەت سۇغىرىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن دەرەخ بىرنەرسە يېمىسىمۇ شۇنچە ئېگىز ئۆسەلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈنمۇ ئوزۇقلۇق كېرەك بولىدۇ. دەرەخ يىلتىزى ئارقىلىق تۇپراق ئىچىدىكى ئورگانىك ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يوپۇرماققا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. يوپۇرماقتىكى خىلوروفىل كۈن نۇرى بىلەن فوتوسىنتېز ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئانورگانىك ئوزۇقلۇق ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن دەرەخ تېنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدۇ» دېدى.









## 35. دەرەخنى نېمە ئۈچۈن باھاردا ياكى كۈزدە تىكىدۇ؟

باھاردا خۇەنخۇەن ئانىسى بىلەن بىللە دەريا بويىغا كۆچەت تىككىلى كەلدى، ئۇ ئانىسىدىن: «دەرەخنى نېمە ئۈچۈن باھاردا ياكى كۈزدە تىكىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دەرەخنى ئەڭ ياخشىسى باھاردا ياكى كۈزدە تىكىش كېرەك. چۈنكى، باھار پەسلىدە ھاۋا ئىللىق ۋە نەمخۇش بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ - دە، تىكىلگەن دەرەخ ناھايىتى تېزلا ئەي بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلايدۇ؛ كۈز پەسلىدە دەرەخ يوپۇرماق تاشلىغاچقا، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق سەرپىياتى ئاز بولىدۇ، يەنە كۈندۈزى كۈن نۇرى كۈچلۈك، تېمپېراتۇرا نىسبەتەن يۇقىرى بولغاچقا، دەرەخ يىلتىزى ۋە شاخلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا پايدىلىق، شۇنداقلا كېلەر يىلى ئۆسۈپ يېتىلىشكە پايدىلىق» دەپ جاۋاب بەردى.




## 36. نېمە ئۈچۈن ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى تۈز ئۆسىدۇ؟

بىر كۈنى شياۋمىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تاغقا ئورمان ئاسرىغىلى چىقتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئانىسىدىن: «ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر نېمە ئۈچۈن ناھايىتى تۈز ئۆسىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئورمانلىقتا دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن كۆپرەك كۈن نۇرىغا ئېرىشىشنى خالايدۇ، شۇڭا ھەممىسىنىڭ تىك ھالدا يۇقىرىغا ئۆسۈشى زۆرۈر بولىدۇ، يەنە ئورمان ئىچىگە بوران ئاسانلىقچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر تەبىئىي ھالدا ئېگىز ھەم تۈز ئۆسىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 37. قارىغاي ۋە ئارچا نېمە ئۈچۈن قىشتا يوپۇرماق تاشلىمايدۇ؟

قىش كېلىپ قار ياغقان بولسىمۇ، ھويلىدىكى قارىغاي ۋە ئارچىنىڭ يوپۇرماقلىرى يەنىلا يايپېشىل ئىدى. شياۋگاڭ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «قارىغاي، ئارچا دەرەخلىرى نېمە ئۈچۈن قىشتا يوپۇرماق تاشلىمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئارچا بىلەن قارىغاينىڭ يوپۇرمىقى يىڭنىسىمان يوپۇرماق بولغاچقا، يۈزى كىچىك، ئۈنىڭ ئۈستىگە قېلىن ماي قاتلىمى بولغاچقا، تەركىبىدىكى سۇ ئاسانلىقچە پارغا ئايلانمايدۇ، شۇڭا قىش پەسلىدىمۇ يوپۇرماق تاشلىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 38. قارىغاي غوزىسى قارىغاي دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىمۇ؟

كەيكەي بىر شىڭگىل قارىغاي غوزىسى تېرىۋېلىپ، يۈگۈرگىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئانىسىدىن: «قارىغاي غوزىسى قارىغاي دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى قارىغاي غوزىسىنى قولىغا ئېلىپ: «قارىغاي غوزىسىنىڭ بىرمۇنچە قاسىراقلىرى بولىدۇ، ھەربىر قاسىراقنىڭ ئاستىدا بىر تالدىن قارىغاي ئۇرۇقى بولىدۇ، قارىغاي ئۇرۇقى دېگەن مانا شۇ» دېدى.



## 39. نېمە ئۈچۈن بامبۇكنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ؟

لىلى ئانىسى بىلەن بامبۇكزارلىقتا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بامبۇكنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بامبۇك غولىنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك بولۇپ، ‹H› شەكىللىك قۇرۇلما ھاسىل قىلغان، شۇڭا بامبۇك غولىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى ئېشىپ، ئاسانلىقچە يېقىلىپ چۈشمەيدۇ ھەم سۇنۇپ كەتمەيدۇ» دېدى.



## 40 . بامبۇكنىڭ چېچەكلىشى راستتىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈشىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

شياڭشياڭ ئانىسى بىلەن بامبۇكزارلىقتا بامبۇك بىخى كولاۋېتىپ، ئانىسىدىن: «بەزىلەر بامبۇكنىڭ چېچەكلىشى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەيدىكەن، بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «راست، بامبۇك كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولسىمۇ، ئۆمرىدە بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ، ئۇنىڭ چېچەكلىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، چېچەكلەپ ئۇرۇق قالدۇرسىلا ئۇنىڭ ئەۋلادى داۋاملىشالايدۇ» دېدى.



## 41. مور ياغاچتا ئۆسەمدۇ؟

لېلى ئاشخانا ئۆيدە ئانىسى چىلاپ قويغان مورنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «مور ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئۆسەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شۇنداق، مور ياغاچتا ئۆسىدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ، ئۇ زەمبۇرۇغ يىپچىسى ياغاچتىن شۈمۈرگەن ئوزۇقلۇقتا تايىنىپ ئۆسىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 42. قىزىل چاي بىلەن يېشىل چاينىڭ ھەر ئىككىسى چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ياسىلامدۇ؟

شياۋيىڭ ئانىسىنىڭ چاي دەملەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىققان ھالدا ئانىسىدىن: «قىزىل چاي بىلەن يېشىل چاينىڭ ھەر ئىككىسى چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ياسىلامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شۇنداق، ھەر ئىككى خىل چاي ياش چاي يوپۇرمىقىدىن ئىشلىنىدۇ، پەقەت پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. قىزىل چاي ئېچىتىپ پىششىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ، يېشىل چاي بولسا قاقلاپ قورۇش ئۇسۇلى بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ» دېدى.



## 43 . نېمە ئۈچۈن شال سۇدا سېسىپ قالماي ئۆسۈۋېرىدۇ؟

شىڭشىڭ ئانىسى بىلەن شاللىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ: «نېمە ئۈچۈن شال سۇدا سېسىپ قالماي ئۆسۈۋېرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سۇ ئۆسۈملۈكى يىلتىزلىرىنىڭ سۇدا ئۆسۈشى ئۈچۈن چوقۇم يېتەرلىك ئوكسىگېن بولۇشى كېرەك، بۇنداق بولمىغاندا، ئۆسۈشتىن توختايدۇ ياكى چىرىپ كېتىدۇ. شالنىڭ غول - يوپۇرمىقىدا يىلتىزىغا ئوكسىگېن يەتكۈزىدىغان كانال بولغاچقا، شال يىلتىزىنىڭ ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدۇ، شۇڭا شال سۇدا سې-سىپ كەتمەيدۇ» دېدى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 44. ماشىنىڭ ئىچىدىكى قۇرت نەدىن كەلگەن؟

تىيەنتيەن ئانىسىغا ياردەملىشىپ قۇرت چۈشكەن ماشنى تاللاۋېتىپ، ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «ماشىنىڭ ئىچىدىكى قۇرت نەدىن كەلگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ماش مىتىسى تۇخۇمىنى ماشىنىڭ ئۇستىگە تۇغىدۇ، تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكا ماشنى يەپ ئاستا - ئاستا چوڭ بولىدۇ، چوڭ بولغان لىچىنكا ھاۋا ئىسسىغاندا ماش پوستى ئىچىدىن تېشىپ چىقىدۇ» دېدى.



## 45. شېكەر قومۇشىنى تېرىشتا نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق ئىشلەتمەيدۇ؟

خۇەنخۇەن ئانىسى بىلەن بىللە ئېتىزلىقتا شېكەر قومۇشى تىكىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «شېكەر قومۇشىنى تېرىشتا نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق ئىشلەتمەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شېكەر قومۇشى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك، بۇنىڭدا ئۇرۇق چېچىشنىڭ هاجىتى يوق، شېكەر قومۇشىنىڭ غولىنى بىرقانچە پارچىغا بۆلۈپ، تۇپراققا توغرىسىغا كۆمۈپ قويسىلا بولىدۇ، غولىنىڭ ئىچىدە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بولغاچقا، هەربىر پارچىسىنىڭ بوغۇمىدىن يېڭى شېكەر قومۇشى كۆكلەپ چىقىدۇ» دېدى.









## 46 . نېمە ئۈچـۈن شېكـەر قومۇشىنىڭ كۆتىكى ئۈچىدىن تاتلىق بولىدۇ؟

ئانىسى تاۋتاۋغا شېكەر قومۇشى ئېلىپ بەردى. تاۋتاۋ ئۇنى يەۋېتىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن شېكەر قومۇشىنىڭ كۆتىكى ئۈچىدىن تاتلىق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شېكەر قومۇشى ئۆسۈش جەريانىدا ئىشلەپچىقارغان شېكەر ماددىسى نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغاندىن باشقا قىسمى ساقلىنىپ قالىدۇ ھەمدە كۆپىنچىسى كۆتىكى تەرىپىدە ساقلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، شېكەر قومۇشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە يوپۇرماق كۆپ بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ پارلاندۇرۇش رولى سەۋەبىدىن كۆپلەپ سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئۈچى تەرەپكە يېقىنلاشقانسېرى سۇ مىقدارى كۆپىيىپ شېكەر ماددىسىمۇ سۇسلىشىپ بارىدۇ، شۇڭا كۆتىكى تەرەپ ئۈچى تەرەپتىن تاتلىق بولىدۇ» دېدى.



## 47. خاسىڭ نېمە ئۈچۈن يەر ئۈستىدە چېچەك-لەپ، يەر ئاستىدا مېۋىلەيدۇ؟

دۇڭدۇڭ ئېتىزلىقتىكى خاسىڭنى كۆرسىتىپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئانىسىدىن: «خاسىڭ نېمە ئۈچۈن يەر ئۈستىدە چېچەكلەپ، يەر ئاستىدا مېۋىلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «خاسىڭ چېچەكلىگەندىن كېيىن ئۇرۇقدان بېغىشى تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلىدۇ - دە، ئالدى ئۈچى قېتىپ مېۋە يىڭنىسى ھاسىل قىلىدۇ. چاڭلانغاندىن كېيىنكى ئۇرۇقدان نۇر-دىن قورققاچقا، قاراڭغۇدا ياكى نەم مۇھىتتا يېتىلىش زۆرۈر بولىدۇ. شۇڭا، تۇپراق ئىچىگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئۆسۈپ مېۋىلەيدۇ» دېدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 48. نېمە ئۈچۈن بەزى ياڭيۇلارنىڭ پوستى كۆكۈچ بولىدۇ؟

ئانىسىغا ياردەملىشىپ ياڭيۇ يۇيۇۋاتقان فېڭفېڭ ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىدىن: «بەزى ياڭيۇلارنىڭ پوستى نېمە ئۈچۈن كۆكۈچ بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ياڭيۇ تۇگۈنەك غوللۇق ئۆسۈملۈك بولغاچقا، قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىدە خىلوروفىل ھاسىل قىلىپ، پوستى كۆكىرىۋالىدۇ، ۋاقىت ئۇزارسا بىخ چىقىرىپ، ئېتئوزۇمى ماددىسى ھاسىل قىلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ياڭيۇنى كۆپ يېسە زەھەرلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.










## 49. پىياز نېمە ئۈچۈن قاقلاپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ كۆكلەيدۇ؟

ئانىسىنىڭ پىياز تېرىشىغا ياردەملىشىۋاتقان يەنيەن ئانىسىدىن: «پىياز نېمە ئۈچۈن قاقلاپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ كۆكلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «پىياز ئەسلىدە قۇرغاق ھەم ئىسسىق قۇملۇق رايونلاردا ئۆسەتتى. ھاياتلىق مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پىيازنىڭ بېشىدا قەۋەت - قەۋەت نېپىز قاسىراقلار ئۆسۈپ ئۆزىنى ھىم ئوراپ، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەسلىكىدە قوغداش رولىنى ئۆتىگەن. ھازىرقى پىيازلارمۇ يەنىلا ئاشۇ ئادىتىنى ساقلاپ قالغان، شۇڭا ئۇنى قاقلاپ قۇرۇتۇۋەتسىمۇ يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ» دېدى.



## 50. سەۋزىنىڭ رەڭگى نېمە ئۈچۈن شۇنچە يارقىن كۆرۈنىدۇ؟

پىكپىك توشقانلارغا سەۋزە بېرىۋېتىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن سەۋزىنىڭ رەڭگى شۇنچە يارقىن كۆرۈنىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سەۋزىدە كۆپ مىقداردا كاروتىن بولىدۇ، كاروتىننىڭ رەڭگى يارقىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى» دەپ جاۋاب بەردى.




## 51. كېۋەز گۈلمۇ؟

پېيپېي ئانىسى بىلەن بىللە كېۋەز تېرىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «كېۋەز گۈلمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كېۋەز ئەمەلىيەتتە گۈل ئەمەس، مېۋىنىڭ بىر قىسمى، يەنى كېۋەز غوزىسى پىشقاندىن كېيىن يېرىلىپ چىقارغان ئاق تالاچىلار» دەپ جاۋاب بەردى.



## 52 . نېمە ئۈچۈن ئەمدىلا كۆكلەپ چىققان يۇمران بىخ ۋە يېڭى يوپۇرماق قىزىل بولىدۇ؟

چيەنچيەن دەرەخ شېخىدىكى يۇمران نوتىنى كۆرسىتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئەمدىلا كۆكلەپ چىققان يۇمران نوتا ۋە يېڭى يوپۇرماقنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۆسۈملۈكنىڭ يېشىل رەڭدە بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭدا خىلوروفىل بولغانلىقىدا. لېكىن، بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئەمدىلا بىخ سۈرگەندە ئۇنىڭدا خىلوروفىل تېخى هاسىل بولمىغان، ئەمما سىيانىد مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمدىلا كۆكلەپ چىققان يۇمران بىخ ۋە يېڭى يوپۇرماقنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.






## 53. قاراڭغۇ چۈشكەندە خاسىڭ يوپۇرماقلىرى نېمە ئۈچۈن تۈگۈلۈۋالىدۇ؟

گۈگۈم، رۇڭرۇڭ ئېتىزلىقتىكى خاسىڭلارنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «قاراڭغۇ چۈشكەندە خاسىڭ يوپۇرماقلىرى نېمە ئۈچۈن تۈگۈلۈۋالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «خاسىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تۈۋىدىكى يوپۇرماق تەكىيچىسى نۇر ئۆزگىرىشىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، كەچتە نۇر ئاجىزلىغاندا يوپۇرماق تەكىيچىسى يوپۇرماقنى تۈگۈلدۈرۈپ قويىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 54. شوخلا نېمە ئۈچۈن پىشقانسېرى قىزىرىدۇ؟

يەنىيەن يوغان ھەم قىپقىزىل بىر شوخلىنى ئېلىپ، ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «شوخلا نېمە ئۈچۈن پىشقانسېرى بەك قىزىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شوخلا پىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ پوستىدا نۇرغۇن خىلوروفىل بولىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا پوستىدىكى خىلوروفىل بۇزۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا كېمىيىپ تۈگەيدۇ. شوخلىدىكى لىكوپىن بولسا تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، شۇڭا، شوخلا پىشقانسېرى بەك قىزىرىدۇ» دېدى.







## 55. پىدىگەن توغرالغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن قارىيىپ كېتىدۇ؟

مىمى توغرالغان پىدىگەننىڭ قارىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «توغراپ قويغان پىدىگەن نېمە ئۈچۈن قارىيىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «پىدىگەننىڭ تەركىبىدە تانىن ماددىسى بولۇپ، ئۇ ھاۋا بىلەن ئۇچراشسىلا ئوكسىدلىنىپ قارا رەڭلىك ماددا ھاسىل قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com







## 56. تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئەتىيازدا پورلىشىپ قالىدۇ؟

بېگبېك توغرالغان تۇرۇپنى ئېلىپ ئانىسىدىن: «تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئەتىيازدا پورلىشىپ قالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تۇرۇپنىڭ تۆگىنەك يىلتىزى ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ساقلايدىغان ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. باھاردا تۇرۇپ چېچەكلىگەندە، ساقلىغان ئوزۇقلۇقى سەرپ قىلىنىپ، قەنت ماددىسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىدۇ، تالا ماددىسى كۆپىيىدۇ. شۇڭا، بارغانسېرى پورلىشىپ كېتىدۇ» دېدى.



## 57. ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن تىك تۇرالايدۇ؟

نانا ھويلىسىدىكى دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن تىك تۇرالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى يوپۇرماق تومۇرى، يوپۇرماق تورى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يوپۇرماق تومۇرى ۋە يوپۇرماقتىكى نەيچىلەر سۇ ۋە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قانال بولغاچقا، سۇنىڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان كېرىلىش كۈچىنىڭ رولى بىلەن يوپۇرماق تىك تۇرالايدۇ» دېدى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 58. ھاشارات يوقاتقۇچى جۇخارنىڭ گۈلى نېمە ئۈچۈن ھاشارات ئۆلتۈرەلەيدۇ؟

ماۋماۋنىڭ ئانىسى بىر تەشتەك گۈل سېتىۋېلىپ، ئۇ گۈلنىڭ ھاشارات ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ماۋماۋ ئانىسىدىن: «ھاشارات يوقاتقۇچى جۇخارگۈلى نېمە ئۈچۈن ھاشارات ئۆلتۈرەلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ھاشارات يوقاتقۇچى جۇخارگۈلى تەركىبىدە زەھىرى كۈچلۈك بولغان ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى ماي بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىپ پاشا يوقىتىدىغان دورىلارنى ياسايدۇ. پاشا يوقاتقۇچى جۇخار ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيان كەلتۈرمەيدۇ» دېدى.







## 59. سېسىغان ئاپېلسىننىڭ پوستىدا نېمە ئۈچۈن كۆك ياكى يېشىل داغلار بولىدۇ؟

ۋېنۋېن ئاپېلسىن يۇيۇۋېتىپ، بەزى ئاپېلسىننىڭ پوستىدا كىچىك داغلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەزى ئاپېلسىنلارنىڭ پوستىدا كۆك ياكى يېشىل داغلار بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاپېلسىن پوستىدا داغنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ يېشىل زەمبۇرۇغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئېنزىم باكتېرىيەسىنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئاپېلسىننىڭ پوستى سۈرۈلۈپ زەخىملەنگەندىن كېيىن، ئېنزىم باكتېرىيەسىنىڭ سپورىسى زەخىم ئاغزىغا چاپلىشىۋېلىپ بىخلىنىپ كۆپىيىدۇ - دە، زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئاپېلسىندىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئاپېلسىننى سېسىتىۋېتىدۇ. زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى زەخىم ئاغزىدا يېيىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەر كۆك ياكى يېشىل داغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ» دېدى.




## 60. بەزى ئاپېلسىننىڭ پوستى نېمە ئۈچۈن قارىيىپ قالىدۇ؟

شياۋخۇي ئاپېلسىن پوستىنىڭ بىر يېرى قارا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بەزى ئاپېلسىننىڭ پوستى قارىداپ قالىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاپېلسىننىڭ پوستىدا دات پېتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىچىك هاشارات بولۇپ، ئۇ مەززىلىك مايغا تايىنىپ ياشىغاچقا، ئاپېلسىننىڭ پوستىدىكى ماي خالتىسىنى تېشىۋېتىدۇ، مەززىلىك ماي هاۋا بىلەن ئۇچراشسىلا ئوكسىدلىنىدۇ ـ دە، قۇرۇغاندىن كېيىن بىر خىل قارا پەردە هاسىل قىلىدۇ» دېدى.



## 61 . نىلۇپەر يىلتىزىنى ئوشتۇغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىپچىلىرى ئۈزۈلمەيدۇ؟

مېڭمىڭ ئوشتۇغان نىلۇپەر يىلتىزىنى قولىدا تۇتۇپ، قىزىقسىنغان ھالدا ئانىسىدىن: «نىلۇپەر يىلتىزىنى ئوشتۇغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يىپچىلىرى يەنىلا تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، نىلۇپەر يىلتىزىنىڭ ئىچىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تومۇرنىڭ ئىچكى دىۋار توقۇلمىسى تۇتاش پىشلانما شەكىللىك بولغاچقا، نىلۇپەر يىلتىزى ئۈزۈلگەن چاغدا ھېلىقى تومۇرلارنىڭ ئىچكى دىۋارىدىكى پىشلانما يىپچىلار تومۇردىن ئايرىلىپ، پورشېنغا ئوخشاش سوزۇلىدۇ، شۇڭا نىلۇپەر يىلتىزى ئۈزۈلسىمۇ يىپچىلىرى تۇتىشىپ تۇرىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com




## 62. سۆگەت شېخىنى لايغا سانجىپ قويسا نېمە ئۈچۈن يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدۇ؟

باھار، لۈڭلۈك لايغا سانجىلغان سۆگەت شاخلىرىغا قاراپ، ئانىسىدىن: «لايغا سانجىلغان سۆگەت شېخى نېمە ئۈچۈن يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سۆگەت شېخىنىڭ شەكىللىنىش قەۋىتى ۋە ئۆزەك چىقىرىش توقۇلمىسىدا بۆلۈنۈش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھۈجەيرىلەر بولغاچقا، سۆگەت شېخىنى تۇپراققا سانجىپ قويغاندىن كېيىن، تېمپېراتۇرا، نەملىك ۋە سايە مۇۋاپىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ھۈجەيرىلىرى تېزلىكتە بۆلۈنۈپ، يىلتىزنىڭ ئىپتىدائىي تەنچىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە تەدرىجىي يېڭى يىلتىز ۋە يېڭى بىخ يېتىلدۈرىدۇ» دېدى.



## 63 . نېمە ئۈچۈن يامغۇردىن كېيىن نۇرغۇن موگۇ ئۆسۈپ چىقىدۇ؟

يامغۇردىن كېيىن جېنجېن ئانىسى بىلەن تاغقا موگۇ تەرگىلى چىققانىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يامغۇردىن كېيىن نۇرغۇن موگۇ ئۆسۈپ چىقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «موگۇ زەمبۇرۇغ تۈرىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ، سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. سپورا تۇپراق ئىچىگە چېچىلغاندا، زەمبۇرۇغ يىپچىسى ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى شۈمۈرۈپ، خالتىلىق سپورا تەنچىسى — موگۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن، خالتىلىق سپورا تەنچىسى دەسلەپتە ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، كىشىلەر ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ. يامغۇر ياغقاندا سۇنى يېتەرلىك شۈمۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئېسىلدۇ، شۇڭا يامغۇردىن كېيىن موگۇ ھەم كۆپ، ھەم تېز ئۆسۈپ چىقىدۇ» دېدى.




www.uyghurkitap.com



## 64 . نېمە ئۈچۈن نەرگىسگۈلنى سۇدا قويسىلا يوپۇرماق چىقىرىپ ئېچىلىدۇ؟

شياۋشياۋ داستا ئېچىلغان نەرگىسگۈلنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن نەرگىسگۈلنى سۇدا قويسىلا يوپۇرماق چىقىرىپ ئېچىلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «نەرگىسگۈلنىڭ ناھايىتى زور شارسىمان يىلتىزى بولۇپ، قاسراق غولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپ مىقداردا ئوزۇقلۇق ساقلانغان بولىدۇ، بۇ ئوزۇقلۇق نەرگىسگۈلنىڭ يوپۇرماق چىقىرىش، ئېچىلىش ئېھتىياجىنى قامدايدۇ» دېدى.











## 65. نېمە ئۈچۈن بانانىنىڭ ئۇرۇقى بولمايدۇ؟

بىنبىن بانان يەۋېتىپ ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن بانانىنىڭ ئۇرۇقى بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بانان كىشىلەرنىڭ سۈنئىي يېتىلدۈرۈشى بىلەن ياخشىلىنىپ بارلىققا كەلگەن مېۋە بولۇپ، ئۇ گەرچە قاتتىق ئۇرۇقلاش تەبىئىتىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن مېۋىسىنىڭ ئىچىدە يەنە قاتار كەتكەن بىغىررەڭ كىچىك توچكىلار بار، ئەنە شۇلار چېكىنگەن ئۇرۇقچىلاردۇر. ھازىرقى بانانلار ئادەتتە يىلتىزىدىن بىخلاندۇرۇش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ» دېدى.



## 66. ئاناناس نېمە ئۈچۈن يېيىشتىن ئاۋۋال تۇز سۈيىگە چىلىنىدۇ؟

شاشا سۇغا چىلانغان ئاناناس پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئاناناس يېيىشتىن بۇرۇن تۇز سۈيىگە چىلىنىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاناناسنىڭ تەركىبىدە ئاناناس ئېنزىمى بولۇپ، ئاقسىلنى پارچىلىيالايدۇ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى شىلىمشىق پەردە ۋە كالپۇكنىڭ يۇمران سىرتقى قەۋىتىنى غىدىقلاپ قولىشىپ قالغاندەك سېزىم پەيدا قىلىدۇ. تۇز ئاناناس ئېنزىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىغا بولغان غىدىقلىشىنى چەكلىيەلەيدۇ. شۇڭا، ئاناناس يېيىشتىن بۇرۇن تۇز سۈيىگە بىردەم چىلاپ قويۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 67. نېمە ئۈچۈن قۇمۇل قوغۇنى بەك تاتلىق؟

ياز، بىگىبىلىڭ ئانىسى بىلەن قۇمۇل قوغۇنى يەۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇمۇل قوغۇنى بەك تاتلىق؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تاتلىق بولۇشى ئۇنىڭ چىققان يېرىنىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلىمىزنىڭ قۇمۇل قوغۇنى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ چۆل، قۇملۇق جايلىرىدىن چىقىدۇ، ئۇ يەرلەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، نەملىك تۆۋەن، ئۆسۈش جەريانىدا قەنت ماددىلىرىنىڭ سەرپ بولۇپ كېتىشى ئاز، توپلىنىپ قالىدىغان قەنت ماددىسى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە تاتلىق» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 68. يالپۇز نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە سوغۇق؟

رۇگرۇڭ يالپۇزلۇقنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئانىسىدىن: «يالپۇز نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە سوغۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يالپۇزنىڭ غولى، يوپۇرمىقىدا مېنتول دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پارلىنىشچان ماي بولۇپ، ئۇ مەززىلىك ھەم سالقىن بولىدۇ، يالپۇزنىڭ سالقىن، مەززىلىك پۇرىقى دەل شۇنىڭدىن تارقالغان» دەپ جاۋاب بەردى.









## 69. نېمە ئۈچۈن چاي دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى چارتايدۇ؟

شياۋجۈن ئانىسىغا ياردەملىشىپ چايزارلىقتا چاي دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى چارتىشىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ چارتاۋېتىپ ئانىسىدىن: «چاي دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى نېمە ئۈچۈن چارتايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شاخلىرىنى چاتاش يىلتىز قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى غىدىقلاپ، چاي دەرىخىنىڭ كۆپ شاخلاپ، ئاز چېچەكلىشىنى تېزلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە شاخلىرىنىڭ زىيادە كۆپ، زىچ، ئېگىز ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چاي دەرىخىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتمەسلىكى، نۇر ۋە ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى، چاي يوپۇرمىقىنىڭ ئۆسۈشى ۋە چاينى ئۈزۈشكە پايدىلىق» دېدى.



## 70. ئەبنۇس نېمە ئۈچۈن ھەم قىرتاق، ھەم تاتلىق بولىدۇ؟

يىگىيىڭ ئانىسى بىلەن ئەبنۇس ئۈزۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «ئەبنۇس نېمە ئۈچۈن ھەم قىرتاق، ھەم تاتلىق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئەبنۇسنىڭ قىرتاق بولۇشى ئۇنىڭدا تانىننىڭ كىسلاتاسى بولغانلىقتىن بولىدۇ، ئەبنۇسنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تانىننىڭ كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەبنۇس تاتلىق بولۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.








## 71. قىزىلگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن تىكىنى بولىدۇ؟

لۈڭلۈك قىزىلگۈلنى سۇغىرىۋېتىپ، ھەيران بولغان ھالدا ئانىسىدىن: «قىزىلگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن تىكىنى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى ئۇنىڭ يوپۇرماق، گۈل ۋە نوتىلىرىنى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەردىكى بىر خىل ئۆزىنى قوغداش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى.



## 72. چىغىرتماقگۈل نېمە ئۈچۈن ئۇرۇقلىمايدۇ؟

بىڭبىڭ چىغىرتماقگۈلنى ئوغۇتلاۋېتىپ، تۇساتتىن، ئانا: «چىغىرتماقگۈل نېمە ئۈچۈن ئۇرۇقلىمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چىغىرتماقگۈلمۇ ئادەتتىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ، مېۋىسى سوقىچاق، يېشىل كېلىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ مېۋىسىنى سويىدىغان بولساق، پەقەت بىر دۆۋە پاراشوكسىمان ماددا كۆرۈنىدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە چىغىرتماقگۈلنىڭ ئۇرۇقىدۇر. ئۇ خۇددى چاڭ - توزانغا ئوخشاش ئۇۋاق بولغاچقا، ئادەتتىكى كۆز بىلەن ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، چىغىرتماقگۈل ئۇرۇقلىمايدۇ دېگەن خاتا قاراش شەكىللەنگەن» دېدى.



本书根据金盾出版社 2002 年 1 月第 1 版，2002 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل سىدىق

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب

# ئۆسۈملۈك قىسمى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسلام ياسىن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32، باسما تاۋىقى: 2.25
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 10160 — 6161

---

ISBN 978—7—5373—1274—5
بىر يۈرۈش يەتتە كىتابنىڭ باھاسى: 28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن



ھايۋانات قىسمى



تۇرمۇش قىسمى



ئادەم بەدىنى قىسمى



ئاسترونومىيە قىسمى



جۇغراپىيە قىسمى



پەن - تېخنىكا قىسمى



ئۆسۈملۈك قىسمى 4.00

ISBN 978-7-5373-1274-5

总定价：28.00 元